بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

59- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/06/10

مىلادىيە: 2019/02/15

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

t.me/@islamawazi    t.me/@eserler    http://www.muhsinlar.com

## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ قَيْسٍ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: سَمِعْتُ أَبِي وَهُوَ بِحَضْرَةِ الْعَدُوِّ يَقُولُ: «قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: <إِنَّ أَبْوَابَ الْجَنَّةِ تَحْتَ ظِلَالِ السُّيُوفِ>. فَقَامَ رَجُلٌ رَثُّ الْهَيْئَةِ، فَقَالَ: <يَا أَبَا مُوسَى، آنْتَ سَمِعْتَ رَسُولَ اللَّهِ ﷺ يَقُولُ هَذَا؟> قَالَ: <نَعَمْ>. قَالَ: فَرَجَعَ إِلَى أَصْحَابِهِ، فَقَالَ: <أَقْرَأُ عَلَيْكُمُ السَّلَامَ>. ثُمَّ كَسَرَ جَفْنَ سَيْفِهِ، فَأَلْقَاهُ، ثُمَّ مَشَى بِسَيْفِهِ إِلَى الْعَدُوِّ، فَضَرَبَ بِهِ حَتَّى قُتِلَ» (رواه مسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس (يەنى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى) رضي الله عنهنىڭ ئوغلى ئەبۇبەكرى ئاتىسى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رضي الله عنهدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [مەن دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن سەپكە ھازىر بولغان ۋاقىتتا، دادامنىڭ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: <جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا> دېگەن» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇ چاغدا كىيىملىرى كونىراپ كەتكەن بىر كىشى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «ئى ئەبۇ مۇسا! سەن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟!» دەپ سورىغاندى، دادام: «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى]. ئەبۇبەكرى يەنە شۇنداق دەيدۇ: «(كىيىملىرى كونا بولغان) ھېلىقى كىشى ھەمراھلىرى تەرەپكە قايتتى، ئاندىن: <ئى ھەمراھلىرىم! سىلەرگە اللهنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى تىلەيمەن> دەپ، قىلىچىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇردى-دە، دۈشمەن تەرەپكە پىيادە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كىشى ھەتتا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر شۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشتى» (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، الله يولىدىكى جىھادنىڭ پەزىلىتى ۋە ساۋابىنىڭ يۇقىرىلىقى شۇنداقلا الله يولىدىكى جىھاد بولسا جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋاستىسى ۋە يولى ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، مۇئمىنلەرنىڭ ئالىي ھىممەتلىك بولۇپ جىھاد قىلىشى، ھەرگىزمۇ مەغلۇبىيەتچى، بوشاڭ ۋە قورقۇنچاق بولغان ھالەتتە ئۆلتۈرۈپ قالغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈپ قالماسلىق كېرەكلىكى.

ئۈچىنچى، مۇجاھىد دۈشمىنى بىلەن ئۇچراشقاندا، دۈشمىنىگە قانچىلىك يېقىنلاشسا ۋە ئۇنىڭغا قانچىلىك ھۇجۇم قىلسا، جەننەتكە شۇنچىلىك يېقىن بولىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، ئىنغىماسلىق (يەنى دۈشمەننىڭ ئارىسىغا يالغۇز بۆسۈپ كىرىش) ۋە بۇ ئارقىلىق شەھىدلىك تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى (ساۋابى) نىڭ يۇقىرىلىقى.

بەشىنچى، باشقىلارنى جىھادقا تەرغىب قىلىشتا رەسۇلۇللاھ ﷺنى دوراشنىڭ مۇستەھەپلىكى ۋە ياخشىلىقى. چۈنكى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رضي الله عنه جەڭ ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ھەدىسىنى سۆزلەپ تۇرۇپ باشقىلارنى جەڭگە قىزىقتۇرغان.

ئالتىنچى، دۈشمەن بىلەن روبىرو تۇرغان ۋاقىتتىمۇ شەرئىي ئىلىملەرنى تارقىتىشنىڭ ساھابىلەرنىڭ سۈننىتىدىن ئىكەنلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىپ بولغان ئىلىم ۋە ۋەز-نەسىھەتلەرنى تەبلىغ قىلىپ يەتكۈزۈشنىڭ ياخشىلىقى.

يەتتىنچى، ئالىملارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ جانلىرى ئارقىلىق الله يولىدىكى جەڭگە قاتنىشىشىنىڭ ۋە تىللىرى بىلەن مۇئمىن-مۇسۇلمانلارنى شۇ جەڭلەرگە تەرغىب قىلىش ۋە دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ھەسسە قوشۇشىنىڭ ياخشىلىقى، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك جىھاد پەرز ئەين بولغان ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئالىملارغا پەرز ئىكەنلىكى.

سەككىزىنچى، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلار سايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكى، يەنى، بىر كىشى اللهنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش ئارقىلىقلا جەننەتكە ئېرىشىدىغانلىقى.

توققۇزىنچى، كىيىم-كېچەكلىرى كونا ۋە ئاددىي-ساددا كىشىلەرنىڭمۇ جىھادقا ئىشتىراك قىلىدىغانلىقى.

ئونىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ جىھادتىن ئايرىلماسلىق ۋە جىھاد يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئارقىلىق جەننەتكە كىرىشكە ئىنتايىن ھېرىس ئىكەنلىكى.

ئون بىرىنچى، ئالىم-ئۆلىمالار ئاۋام مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سوئال سورالغان ۋە بەزى مەسىلىلەرنى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلىپ سوئال قويۇلغان چاغدا سەۋرچان بولۇشى، ئىچى پۇشماسلىقى ۋە زېرىكمەسلىكىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

ئون ئىككىنچى، مۇجاھىد جەننەتنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر جەڭ قىلىشنى قەتئىي ئىرادە قىلسا بولىدىغانلىقى، بەلكى بۇ ـــ اللهنىڭ نەزىرىدىكى ئالاھىدە پەزىلەت ۋە مەرتىۋىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

ئون ئۈچىنچى، ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزى رحمه الله مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى كىشىنىڭ قىلىچىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇرۇۋېتىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ كىشى قىلىچىنى غىلىپىغا سالماسلىققا قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن. بۇ كىشى ئەنە شۇنداق ئالىي ھىممەت ۋە ئالىي ئىرادە ئىگىسى بولۇپ، الله يولىدىكى جىھادنىڭ پەزىلەتلىك ۋە ساۋابىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكى سەھىھلەشكەندىن كېيىن، ئەنە شۇ پەزىلەت تەرەپكە جەددىي يۈرۈش قىلغان». مانا بۇ ـــ مۇجاھىدنىڭ ئىرادىسى دائىم ئەنە شۇنداق كۈچلۈك ۋە ئالىي ھىممەتلىك بولۇشىنىڭ يۇقىرى پەزىلەت ئىكەنلىكىگە دەلىل.

ئون تۆتىنچى، مۇجاھىد كىشى دۈشمەنگە ئىنغىماس بولۇپ بۆسۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن خوشلىشىۋېلىش ۋە ئۇلارغا: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» ياكى «سىلەرگە اللهنىڭ سالىمىنى يوللايمەن» دېگەندەك سالام يوللاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

## دىنىي ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئىبنى تەيمىيە رحمه الله يەنە مۇنداق دېگەن: «ھېچكىمنىڭ مۇسۇلمانلاردىن بىرەربىر كىشىنى كاپىرغا چىقىرىش ھەققى يوقتۇر. گەرچە ئۇ مۇسۇلمان خاتا كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ھۆججەت بەرپا قىلماي ۋە توغرا يولنى بايان قىلماي تۇرۇپ كاپىرغا چىقىرىشقا بولمايدۇ. قانداق بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى جەزمىي دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى شەك سەۋەبلىك يوقالمايدۇ، بەلكى ھۆججەت تۇرغۇزۇلۇپ ۋە شۈبھە يوقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يوقايدۇ» («مجموع الفتاوى» 12- توم 446- بەتتىن ئېلىندى).

ئۇنداقتا بىز مۇئەييەن كىشىنى كاپىرغا چىقىرىش بىلەن سۈپەتنى كاپىرغا چىقىرىشنىڭ ئارىسىنى پەرق ئېتىشىمىز كېرەك. يەنى بۇ دېگەنلىك ـــ ھەرقانداق بىر كىشى كۇفرى سۆز ۋە كۇفرى ئەمەلنى قىلسىلا، شۇ كۇفرى سۆز ۋە شۇ كۇفرى ئەمەل سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كېتىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ قىلغان سۆزى ۋە قىلغان ئىشى «كۇفرىدۇر» دەپ ھۆكۈم قىلىش بىلەن، شۇ سۆزنى قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى «كاپىردۇر» دەپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرق ئېتىپ ئايرىش ۋاجىبتۇر. چۈنكى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رحمه الله مۇنداق دېگەن: «تەئۋىل قىلىپ ياكى بىلمەستىن ۋە ياكى بىرەر ئۆزرىسى بار ھالەتتە كۇفرى سۆز ۋە كۇفرى ئەمەلنى قىلىپ قالغان كىشىنىڭ ھۆكمى ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ھۆججەت كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇنىماي باشتۇڭلۇق، فاجىرلىق ۋە پاسىقلىق قىلىپ كۇفرى سۆز ۋە كۇفرى ئەمەلنى قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. دېمەك، الله تعالى ھەربىر نەرسىگە ئۆزىگە چۇشلۇق مىقدار بېكىتكەن» («مجموع الفتاوى» 3- توم 288- بەتتىن ئېلىندى).

ئىبنى تەيمىيە رحمه الله يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر يۇقىرىقى قائىدە ئېنىق بولغان بولسا، ئۇنداقتا، بىلمەي قېلىپ كۇفرى سۆز ۋە كۇفرى ئىشنى قىلغان مۇئەييەن بىر كىشىنى كاپىرغا چىقىرىش (يەنى <بۇمۇ كۇففارلار بىلەن بىللە> دەپ ھۆكۈم قىلىش) ئىشىغا جۈرئەت قىلىپ قەدەم قويۇش دۇرۇس بولمايدۇ، ھەتتاكى شۇ كىشىگە پەيغەمبەر ھۆججىتى بەرپا بولمىغۇچە. بۇ ھۆججەت شۇ دەرىجىدە بەرپا قىلىنىشى كېرەككى، ئۇلار بۇ ھۆججەت ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە مۇخالىپ يول تۇتقانلىقىنى بىلەلىگەن بولۇشى كېرەك. گەرچە كۇفرى سۆزنى سۆزلىگەن بۇ كىشىنىڭ سۆزى شەك-شۈبھىسىز كۇفرى سۆز بولغان تەقدىردىمۇ. مانا بۇ قائىدە بارلىق مۇئەييەن كىشىلەرنى كاپىرغا چىقىرىش ئىشلىرىدىكى ئورتاق قائىدىدۇر» («مجموع الفتاوى» 12- توم 500- بەتتىن ئېلىندى).

شەرىئەتتە كاپىرلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى، ئەسلىي كاپىرلار

بۇ دېگىنىمىز ـــ ئىسلام دىنىغا ئەسلا كىرىپ باقمىغان كاپىرلار بولۇپ، ئۇلار دەھرىيلەر («قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ياراتقۇچى يوق» دەپ ئېتىقاد قىلغۇچىلار)، پەلسەپىچىلەر («كائىنات ئەزەلدىنلا مەۋجۇت» دەپ قارىغۇچىلار)، مۇشرىكلار، مەجۇسىيلار (ئوتپەرەسلەر)، بۇتپەرەسلەر، يەھۇدىي ۋە ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلار بولۇپ، بۇلارنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىگە قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىجماسى (بىرلىككە كەلگەن پىكرى ياكى چۈشەنچىسى) دەلىلدۇر. بۇ كاپىرلارنىڭ ئۆلگەنلىرى جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ. جەننەتكە كىرىش ئۇلارغا ھارامدۇر. ئۇلارنىڭ ئىشى دىنىمىزدا زۆرۈرلۈك بىلەن بىلىنگەن ئىشتۇر (يەنى ئالىم بولغان مۇسۇلمان بولسۇن ياكى ئاددىي ئاۋام مۇسۇلمان بولسۇن ھەممىسى بىلمەسلىكى مۇمكىن بولمىغان ھەم بىلىشى قەتئىي زۆرۈر، پەرز بولغان ئىشلاردىندۇر). بۇنىڭغا الله تعالىنىڭ مۇنۇ ئايىتى دەلىلدۇر: ﴿قَاتِلُوا الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلَا بِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ﴾ «سىلەر ئەھلى كىتابتىن اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۆزەيرىنى اللهنىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىيسانى اللهنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار: <اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلىمىز> دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانلىقنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار» (سۈرە تەۋبە 29- ئايەت).

ئىككىنچىسى، مۇرتەد كاپىرلار

بولۇپ، بۇلار ئەسلىدە ئىسلامغا مەنسۇپ بولغان، لېكىن ئۇلاردىن ئىسلامنى بۇزۇپ تاشلايدىغان (يەنى ئۇلارنى ئىمان-ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان) ئېتىقاد ياكى سۆز ۋە ياكى ئىش-ھەرىكەت سادىر بولغانلىقى ئۈچۈن (گەرچە ئۇلار ئىسلامنىڭ شوئارلىرىنى، ئىسلامنىڭ بەلگىلىرى بولغان دىنىي خاسلىقلار ۋە دىنىي ئەمەللەرنى بېجىرگەن تەقدىردىمۇ، يۇقىرىقى ئىسلامنى بۇزىدىغان ئامىللار سەۋەبلىك) كاپىرغا چىقىرىلغان كىشىلەردۇر. مەسىلەن، باتىنىيلار (يەنى شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى ئىسمائىلىيە، دىرۇزىيە، نۇسەيرىيە دېگەندەك «بۇ دىنىنىڭ باتىنىي ۋە زاھىرىي قىسمى بار، بىز باتىنىيسىنى تۇتىمىز» دەپ تۇرىدىغان، «بۇ ئالەم قەدىمىي، ئالەم يوقالمايدۇ، دوزاخ، جەننەت دېگەن نەرسە يوق، كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھى بىر-بىرىگە كۆچىدۇ» دەپ روھلارنىڭ كۆچۈشىگە ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر)نىڭ ھەممىسى كاپىر ھېسابلىنىدۇ. رافىزىيلارنىڭ چەكتىن ئاشقانلىرى، قادىيانىيە مەزھىپى (يەنى غۇلام ئەھمەد قادىيانىنى «پەيغەمبەر» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلار) ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەر ۋە مەزھەپتىكىلەر «مۇرتەدلەر» دېيىلىدۇ.

كۇفۇر ئىماننىڭ قارشىسىدۇر، لېكىن كۇفۇر شەرىئەتتە چوڭ كۇفۇر ۋە كىچىك كۇفۇر دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. چۈنكى بەزى چاغلاردا شەرئىي تېكىستلەردە

(ئاخىرى 2- بەتتە)





(بېشى 3- بەتتە)

بولۇپ، ھەممىمىز توغرىسىغا بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە، بىر-بىرىمىزنى مۇداپىئە قىلالىغۇدەك ھالەتتە ماڭىمىز. مۇداپىئەدىكىلەر بىلەن ئالدىدىكىلەرنىڭ ئارىلىقى ئالدىدىكىلەرنى ياخشى مۇداپىئە قىلالىغۇدەك دەرىجىدە يىراقلاپ كەتسە (تەقرىبەن 35-40 مېتىر. ئورمانلىقتا بۇنىڭدىن بەك يىراقلىشىپ كەتسىمۇ كۆرمەك تەس، لېكىن ھەممە ئورمانلىق ئوخشىمايدۇ، بەزىلىرى قويۇق ھەم ئويمان-چوڭقۇرلۇق بولۇشى مۇمكىن، بەزىلىرى شالاڭ ھەم تۈز بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورمانلىقنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئارىلىق ۋە مۇساپىنى بەلگىلەيمىز) مۇداپىئەدىكىلەر ئورنىدىن يۆتكىلىپ ئالدىدىكىلەرنى ياخشى مۇداپىئە قىلالىغۇدەك يەرگە ئورۇنلىشىدۇ، لېكىن ئالدىدا مېڭىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

**ئورمانلىقتا، يەنى بىزگە تەۋە بولمىغان، دۈشمەن بار-يوقلۇقى ئېنىق ئەمەس، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئورمانلىقلاردا يول يۈرۈشنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى:**

ئەڭ ئاۋۋال، ئەگەر ئالدىمىزدا دۈشمەن بولۇپ قېلىپ ئوقۇقا تۇتۇپ قالغۇدەك بولسا، مۇداپىئەچىلەرنى بىزنى ياخشى مۇداپىئە قىلالايدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئىككى-ئىككىدىن بولۇۋالىمىز، (مەيلى جەڭدە بولسۇن




ياكى رازۋېدكا ۋە باشقا ئەمەلىيەتلەردە بولسۇن، يالغۇز تورماسلىقىمىز ۋە




يالغۇز ھەرىكەت قىلماسلىقىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆز ھەمراھىمىزنى تونۇۋېلىشىمىز ۋە بىللە ھەرىكەت قىلىشىمىز لازىم) ئىككى-ئىككىدىن بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىمىز بىر توغرا سىزىق ئۈستىدە ئارىلىق مۇساپىمىزنى 6-7 مېتىردىن قىلىپ تارقىلىمىز. (چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، ھەر ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى «بىرىنچى ئادەم»، يەنە بىرىنى «ئىككىنچى ئادەم» دەپ ئاتايلى.) ئاندىن كېيىن بىرىنچى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى چوقراق دەرەخ ياكى باشقا تەبىئىي مۇداپىئەلەرنىڭ ئارقىسىدا مۇداپىئەدە تۇرىدۇ، ئارقىدىنلا ئىككىنچى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تەييار ھالەتتە تېز ھەرىكەت قىلىپ، تەقرىبەن 10 مېتىر مېڭىپ، ئۆزىگە مۇداپىئە بولالىغۇدەك چوڭ دەرەخ ياكى شۇ ئورمانلىقتىكى تەبىئىي مۇداپىئەلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ، مۇداپىئەدە تۇرىدۇ.

مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقاندا «قەيەردە ياخشى مۇداپىئە بار؟ ئەمدى ماڭسام قەيەردە توختايمەن؟» دېگەننى پىكىر قىلىپ، ئالدى تەرەپنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئاندىن بىرىنچى ئادەملەر تەييار ھالەتتە تېز-تېز ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەمراھىنىڭ ئالدىغا 10 مېتىرچە ئۆتۈپ، ئۆزىگە مۇداپىئە بولالىغۇدەك يەردە توختاپ مۇداپىئەدە تۇرىدۇ. كەينىدىكى پىلىموت، قەنناس ۋە RPG ئاتقۇچىلارنىڭ ئالدىدىكىلەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۇزىراپ كەتسە، ئۇلارمۇ ئورنىدىن يۆتكىلىپ، مۇداپىئە قىلالىغۇدەك ئارىلىققا يېقىنلىشىپ، داۋاملىق مۇداپىئەدە تۇرىدۇ. گۇرۇپپا مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئىلگىرىلەپ مېڭىۋېرىدۇ.

ئەسكەرتىش: ئىككى-ئىككىدىن بولۇپ بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە قاتار تىزىلىپ تارقالغان ئىلگىرىلىگۈچىلەر ئۆز ھەمراھلىرىدىن باشقا ياندىكى ئىككى-ئىككىدىن تارقالغان بۆرادەرلىرىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنىمۇ دىققەت قىلىپ، شۇلارغا ماسلاشقان ھالەتتە ئىلگىرىلىشى، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بەك ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا!)

## جىھاد چەشمىلىرى

■ 2- ئاينىڭ 1- كۈنى تاجاۋۇزچى خىتاينىڭ زۇۋانى بولغان ئاتالمىش «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە قانىلى 2»دە خەۋەر قىلىنىشىچە، تاجاۋۇزچى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي تۇس ئەڭ قويۇق بولغان خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسى ۋە قەشقەر شەھىرىدە، ئۆزىنىڭ بايرىمىنى قارشى ئېلىش باھانىسىدە مۇسۇلمان خەلقلەرگە يوللارغا پانۇس ئاستۇرۇپ، ئۇلارنى خىتايچە كىيىندۇرۇپ، ئۇسسۇل ئوينىتىپ كوچا ئايلىنىشقا سالغان.

■ 2- ئاينىڭ 2- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى جەدۇ ۋىلايىتىنىڭ باردىخالې شەھىرىدىكى تاجاۋۇزچى ئېفئوپىيە ئەسكەرلىرىنىڭ بىر ھەربىي بازىسىغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئاز دېگەندە 16 نەپەر تاجاۋۇزچى ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 2- ئاينىڭ 2- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى جۇبا ۋىلايىتىنىڭ ئافمادو شەھىرى بىلەن دۇبلى شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدا كېتىۋاتقان تاجاۋۇزچى كېنىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنىلىرىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئىككى مىنا پارتلاش ئارقىلىق 25 نەپەر تاجاۋۇزچى ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. شۇنداقلا ئىككى دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران بولغان.

■ 2- ئاينىڭ 3- كۈنى رىم پاپاسى ئاتالمىش ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن. بۇ ـــ بىر خرىستىيان پاپاسىنىڭ پەيغەمبىرىمىز ﷺنىڭ: «خرىستىيانلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىرىۋېتىڭلار!» دېگەن سۆزىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىم زىيارەتكە كېلىشى ھېسابلىنىدۇ. بۇ زىيارەتتە پاپا فرانسىس ئاتالمىش «دىنلار ئىتتىپاقى» يىغىنىنى ئاچقان ۋە بۇ يىغىندا ئەزھەرنىڭ مۇفتىسى ئەھمەد ئەلتاييىب بىلەن تېررورىزمغا قارشى ئىتتىپاقلىشىشقا ئىمزا قويۇشقان. بۇ پاپا يەنە ئاتالمىش ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى خرىستىيانلاردىن ئاز دېگەندە 120 مىڭنى يىغىپ ئىبادەت مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

■ 2- ئاينىڭ 4- كۈنى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە تارقالغان خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، گوللاندىيىدىكى ئىسلامغا ئەڭ قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوڭچىل «ئەركىنلىك پارتىيىسى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جورام ۋان كلاۋېرن ئىسلامغا قارشى كىتاب يازماقچى بولغان ۋاقىتتا، اللهنىڭ ھىدايىتى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ كىشى ياۋروپادا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. جورام ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن: «ئىسلام دىنى يالغان، دىن ۋە قۇرئان ـــ زەھەر» دېگەن سۆزلەرنى ئېيتقان ئىدى. (الله بۇ قېرىندىشىمىزنى دىنىدا سابىت قەدەم قىلسۇن!)

■ 2- ئاينىڭ 5- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى قۇندۇز ۋىلايىتىنىڭ مەركىزىدە ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۈچ دانە بىختەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھى قىلغان. شۇنداقلا ئاز دېگەندە 30 نەپەر ساتقىن ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 2- ئاينىڭ 5- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە بەزى پېشقەدەم ئافغان سىياسىيونلىرى رۇسىيىنىڭ پايتەختى موسكۋادا ئافغانىستان مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يىغىن ئاچقان. بۇ يىغىنغا ئافغان سىياسىيونلىرىدىن سابىق ئافغانىستان پرېزىدېنتى كارزايمۇ قاتناشقان، ئەمما ئافغان ھۆكۈمىتى بۇ يىغىنغا قاتناشمىغان. ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ باش ۋەكىلى بولغان شىر مۇھەممەد ئابباس ستانكىزى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «ئافغانىستانغا تىنچلىق ئەكېلىشكە بىرلا توسالغۇ بار، ئۇ بولسىمۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى. شۇڭا پۈتكۈل ئافغان خەلقى ئۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىشى كېرەك. ئافغانىستاندا مۇكەممەل ئىسلام قانۇنى يۈرگۈزۈلۈشى كېرەك. بىز ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ قانۇنىنى ئىنكار قىلىمىز، چۈنكى ئۇ غەرب قويغان قانۇن، مۇسۇلمانلار ئەمەس. بىز، ئىسلام دىنى ئاياللارغا بەرگەن پۈتكۈل ھوقۇقلىرىنى بېرىمىز. ئىسلام ئىمارىتى ئافغانىستاننى تاجاۋۇزچى قوشۇنلاردىن تازىلاشقا ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى تىكلەشكە داۋاملىق ھەرىكەت قىلىدۇ» دېگەن.

■ 2- ئاينىڭ 8- كۈنى ئافغانىستاننىڭ مەيدان ۋەرداك ۋىلايىتىنىڭ لورا رايونىدا ساتقىن ئافغان ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تىككۈچار ئايروپىلانى چۈشۈپ كېتىپ، ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن.

■ 2- ئاينىڭ 9- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن ساتقىن ئافغان ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلماند ۋىلايىتىنىڭ سانگىن رايونىدا شۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئەسكەر تاشلاش ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوندىكى 11 نەپەر گۇناھسىز پۇقرانى شەھىد قىلىپ، 15 نەپەر ئادەمنى يارىلاندۇرغان. ئۆلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ۋە بالىلار ئىكەن.

■ 2- ئاينىڭ 9- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن ساتقىن ئافغان ئەسكەرلىرى ئافغانىستاننىڭ ئورۇزگان ۋىلايىتىنىڭ شاھ مەنسۇر رايونىغا جايلاشقان مۇجاھىدلارغا قارشى ئىلگىرىلىمەكچى بولغان بولۇپ، دەسلەپتە ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىنى قاتتىق بومباردىمان قىلغان. لېكىن اللهنىڭ پەزلى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ تاكتىكىسى بىلەن مۇجاھىدلار ھېچقانداق تالاپەت تارتمىغان. ھاۋا ھۇجۇمىدىن كېيىن «مۇجاھىدلارنى ئۆلدى» دەپ ئويلىغان دۈشمەنلەر ئىلگىرىلەشكە باشلىغاندا، مۇجاھىدلار ئۇلارغا قارشى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، 12 نەپەر تاجاۋۇزچى ئەسكەرنى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ساتقىن ئافغان ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن، ئىككى دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىنى ۋەيران قىلغان. كاپىرلار قاتتىق زەربە يېگەندىن كېيىن، بۇ رايوندىن چېكىنگەن.

■ 2- ئاينىڭ 10- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى زابول ۋىلايىتىنىڭ دايچوپان رايونىدا ساتقىن ئافغان ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تىككۈچار ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئىچىدىكى ھەممە ئەسكەر ئۆلگەن.

■ تۈركىيىنىڭ 2- ئاينىڭ 11- كۈندىكى يېڭى شەپەق گېزىتىدە تارقاتقان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، 2- ئاينىڭ 8- كۈنى گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىننىڭ مارزاھىن رايونىدا 15 ۋە 16 ياشلىق سۈرىيىلىك مۇسۇلمان قىزلار مۇسۇلمان بولغانلىق سەۋەبىدىن ئىرقچىلىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، قاتتىق تاياق زەربىسىدە دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان. بېرلىندىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى يەنە بىر ئىرقچىلىق ھۇجۇمىدا، بىر نەپەر ھۇجۇم قىلغۇچى ئوكۇل يىڭنىسىنى سانجىۋېتىش تەھدىتى بىلەن 12 ياشلىق بىر قىزنىڭ ھىجابىنى تارتىپ سالدۇرۇۋېتىپ، قېچىپ كەتكەن.

ياۋروپادىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇملارنى دوكلات قىلىۋاتقان بىر گۇرۇپپىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئاخىرقى يىللاردا ياۋروپادا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىرقىي ھۇجۇملار كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ئىكەن.

بۇ دوكلاتتا دېيىلىشىچە، ئالدىنقى يىلى مۇسۇلمانلارغا قارشى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىش ياكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش جىنايەتلىرى گېرمانىيىدە 908 قېتىم؛ پولشادا 664 قېتىم؛ گوللاندىيىدە 364 قېتىم؛ ئاۋستىرالىيىدە 256 قېتىم؛ فرانسىيىدە 121 قېتىم؛ دانىيىدە 56 قېتىم؛ بېلگىيىدە 36 قېتىم يۈز بەرگەن.

■ 2- ئاينىڭ 11- كۈنى سومالىدىكى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى ھوسا ۋىلايىتىنىڭ جانالى يېزىسىدا تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى ۋە ساتقىن سومالى ئارمىيىسى «دېناب» ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئەسكەر تاشلاش ئەمەلىيىتىنى بەربات قىلغان. بۇ ئەمەلىيەتتە غەلىبە قازانالمىغان چېدىماس تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى جانالى يېزىسىنى قاتتىق بومباردىمان قىلىپ، پۇقرالارنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان سالغان.

■ 2- ئاينىڭ 12- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ ھادىن رايونىدا ھەسسەن بېرى ئىسىملىك ساتقىن سومالى ساقچى باشلىقىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 2- ئاينىڭ 13- كۈنى سومالىدىكى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى پايتەخت مۇقدىشۇنىڭ ھادىن رايونىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە ئارتىن ئادىب ئىبراھىم ئىسىملىك مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىغا قارىتا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئادىب ئىبراھىم ساق قالغان، قوغدىغۇچىلىرى بىلەن شوپۇرى ئۆلگەن.

■ 2- ئاينىڭ 13- كۈنى جەيش ئەدل جامائىتى ئىراننىڭ سىستان ـــ بەلۇجىستان ۋىلايىتىدىكى خاش-زاھادان تېز سۈرئەتلىك يولىدا ئىران دۆلەتلىك قوغدىغۇچى قىسمىنىڭ كادىرلىرىنى توشۇۋاتقان ئاپتوبۇسنى پارتلىتىۋەتكەن. دەسلەپكى خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ھۇجۇمدا 40 قا يېقىن رافىزىي شىئە ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەممىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالىنىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

## سەبىيلەر سەھىپىسى

### تېپىشماق

(شېئىر)

تىلىڭ تاتلىق، قىزىقسەن،
ئەي تېپىشماق، تېپىشماق.
كۆڭۈللۈكتۇر بىز ئۈچۈن،
سېنى دائىم ئېيتىشماق.

قىسقا، ئىخچام بولغاچقا،
ئەستە ئاسان قالىسەن.
بىزنى پىكىر قىلدۇرۇپ،
توغرا جاۋاب ئالىسەن.

سېنى ئامراق دوست تۇتتۇق،
قېشىمىزغا كېلىشۋەر.
خۇشتار بىز تەپەككۇرغا،
بىزنى ئويغا سېلىشۋەر.

ئەي تېپىشماق، بىز سېنى،
ئېيتىپ زادى تويمايمىز.
قانچە قېيىن بولساڭمۇ،
چوقۇم تاپماي قويمايمىز.

تۆۋەندىكى تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭلار؟

قىر بېشىدا بوۋايلار،
قورۇۋالغان بەدەشقان.
شېكەر تامار لېۋىدىن،
ساقاللىرى ياراشقان.

توۋا دەيمەن ساقىلى،
قارايدىكەن ئاسمانغا.
تاپالمىساڭ بۇنى سەن،
مۇراجىئەت قىل دېھقانغا.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:
1. يوپۇرماق.
2. ئۆردەك چۆجىسى.

(بېشى 1ـ بەتتە)

«كۇفۇر» دېگەن سۆز كېلىپ، دىندىن چىقىرىۋەتكۈچى چوڭ كۇفرىلىق ئىرادە قىلىنسا؛ بەزى چاغلاردا كۇفۇر دېگەن سۆز ئىشلىتىلىپ، دىندىن چىقىرىۋەتمەيدىغان كىچىك كۇفرىلىق (كاپىرلىق) ئىرادە قىلىنىدۇ. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىمان نۇرغۇن شاخچىلارغا ئىگە بولغاندەك، كۇفرىمۇ نۇرغۇن شاخچىلارغا ئىگىدۇر. ئىمان «سۆز ۋە ئەمەل» دەپ تەرىپلەنگەندەك، كۇفرىمۇ سۆز ۋە ئەمەلدىن ئىبارەتتۇر (يەنى ئىنسان سۆز بىلەنمۇ كاپىر بولۇشى مۇمكىن، ئەمەل ۋە ئىش-ھەرىكەتتىنمۇ كاپىر بولۇشى مۇمكىن). گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى كۇفرىنىڭ شاخچىلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. خۇددى تائەت-ئىبادەتلەر ئىماننىڭ شاخچىلىرىدىن بولغاندەك، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى كۇفرىنىڭ شاخچىلىرىدىندۇر. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئېتىقاد پرىنسىپلىرى (ئاساس-ئۆلچەملىرى)نىڭ بىرى شۇكى، بەندە ئىمان بىلەن ئىماننىڭ يىلتىزىغا قارشى كەلمەيدىغان كۇفرى ياكى نىفاقنىڭ بەزىبىر شاخچىلىرىنىڭ بىر يەردە جەملىنىشىشى مۇمكىندۇر. كۇفۇر نۇرغۇن يىلتىز ۋە شاخچىلارغا ئىگىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە دىندىن چىقىرىۋېتىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىرى بار، ئۇنداق ئەمەسلىرىمۇ بار. كۇفۇر قەلبنىڭ ئېتىقادىدىمۇ سادىر بولىدۇ، ئىش-ھەرىكەتتىمۇ سادىر بولىدۇ، سۆز بىلەنمۇ سادىر بولىدۇ، شەك بىلەنمۇ سادىر بولىدۇ ۋە بەزى پەرزلەرنى تەرك ئېتىش بىلەنمۇ سادىر بولىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# غازاتلار تارىخى



## ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى

### تېگىشلىك جازا

رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە قايتىشتىن ئىلگىرى جىنايىتى جەڭ مەيدانىدا روشەن كۆرۈنگەن ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىگە قارىتا ئادىل ھۆكۈمنى تەتبىقلاشقا كىرىشتى. بۇ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. ئەبۇ ئىززە جەمھى

ئەبۇ ئىززە جەمھى دېگەن بۇ كىشى بەدر كۈنى ئەسىرگە چۈشكەن مۇشرىكلاردىن ئىدى. ئۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر ئەسىرلىرى ئارىسىدا ئېھسان قىلىپ قويۇۋەتكەن كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ قويۇۋېتىلىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە — ئۇنىڭ كەمبەغەللىكى ۋە قىزلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئۆزىگە قارشى ھېچكىمگە ياردەملەشمەسلىك شەرتى بىلەن ئامانلىق بېرىپ قويۇۋەتكەن. لېكىن ئۇ بۇ شەرتنامىنى بۇزدى ۋە ئەھدىسىگە خىيانەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى پەيغەمبەر ﷺگە ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى قۇترىتىپ، بەرگەن ئەھدىسىگە خىيانەت قىلدى ۋە ئۇھۇد جېڭىدە مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن چىقتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى تۇتۇۋالغان چاغدا، ئۇ يەنە: «ئى مۇھەممەد، مېنى قويۇۋەتكىن، ماڭا ئېھسان قىلغىن، مېنى قىزلىرىمغا قويۇپ بەرگىن. مەن ساڭا ئىككىنچى بۇنداق قىلماسلىققا ئەھدە بېرەي» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «مەن سېنىڭ مەككىگە بېرىۋېلىپ، ئېڭەككىگە بىر نەچچىنى شاپىلاقلاپ قويۇپلا: <مەن مۇھەممەدنى ئىككى قېتىم ئالدىدىم> دېيىشىڭگە يول قويالمايمەن. چۈنكى مۆئمىن بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم چېقىۋېلىنمايدۇ» دېدى-دە، ئۇنىڭ بويىنىغا چېپىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چېپىۋېتىلدى.

2. مۇئاۋىيە ئىبنى مۇغىرە ئىبنى ئەبۇلئاس

ئۇ جاسۇسلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدى. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەرۋاننىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى ئىدى. ئۇنىڭ جاسۇسلۇقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مۇشرىكلار ئۇھۇد كۈنى قايتىپ كەتكەندە، مۇئاۋىيە دېگەن بۇ كىشى تاغىسىنىڭ ئوغلى ئوسمان ئىبنى ئەففان رضي الله عنهنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئامانلىق سورىدى. ئوسمان رضي الله عنه ئۇنىڭغا مەدىنىدە ئۈچ كۈن تۇرۇش، ئەگەر ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرۇپ قالسا ئۆلتۈرۈلۈش شەرتى بىلەن ئامانلىق بەردى. ئەمما ئۇ مەدىنىدىكى ئىسلام ئارمىيىسى مەدىنىدىن يىراق جايلارغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۈچ كۈندىنمۇ ئارتۇق تۇرۇپ قۇرەيشنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشقا كىرىشتى. ئىسلام ئارمىيىسى مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇ قېچىپ كەتتى. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ﷺ زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئەممار ئىبنى ياسىر رضي الله عنهمالارنى ئۇنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئۇنى قوغلاپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئۈچىنچى كىشى ھارىس ئىبنى سەۋىد ئىبنى سامىت بولۇپ، ئۇ مۇناپىق ئىدى. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل قايتىپ كەتكەن چاغدا ئۇنىڭ بىلەن قايتمىغان ئىدى. لېكىن ئۇ جەڭ ئارىلىقىدا «مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەرىنى بىر ئۆلتۈرۈۋالسام» دېگەن نىيەتتە مۇسۇلمانلار ئارمىيىسى بىلەن ئىزچىل بىللە تۇردى. ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان مۇسۇلمان كىشى مۇجەززەر ئىبنى زىياد بەلەۋى رضي الله عنه ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوسمان ئىبنى ئەففان رضي الله عنهنى ئۇ (يەنى ھارىس ئىبنى سەۋىد)نىڭ بويىنىغا ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان رضي الله عنه ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

### يۇقىرىقىدىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ قەلبى ناھايىتى كۈچلۈك رەھىم-شەپقەتكە تولغان بولۇشىغا قارىماي، باشقىلارنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە داغ تەگكۈزۈش، تىل تەگكۈزۈش ۋە ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا يول قويمايدىغانلىقى شۇنداقلا باشقىلارغا رەھىم قىلىش بىلەن بىرگە جىنايەت ئىشلىگەنلەرنى جازالاپمۇ قويىدىغانلىقى ۋە گۇناھ قىلغانلارغا گۇناھىنى يۇيۇشقا پۇرسەت بەرگەن بولسا، ئىككىنچى قېتىم يەنە قايتا پۇرسەت بەرمەيدىغانلىقى.

ئىككىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلۈش ۋە جاراھەتلىنىشنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقى. ھەتتاكى بەزى ساھابىلەر شۇنداق ئېغىر دەرىجىدە جاراھەتلەنگەنكى، بۇ سەۋەبلىك ساھابىلەر ئىنتايىن ئېغىر قايغۇغا چۆمگەن. بۇ ۋاقىتتا الله تعالى شۇ ساھابىلەرنىڭ قايغۇسىغا تەسەللى بېرىش، بوشاشقانلىق قىلماسلىق، مۇستەھكەم بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى دۈشمىنىگە قارشى قايتا يەنە جەڭگە كىرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن سۈرە ئال ئىمراننىڭ 139-ئايىتىدە: «(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شەھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر» دېگەن. ئۇنداق ئىكەن، ھازىرقى زاماندا بولۇۋاتقان جىھاد جەريانىدا ئۆلتۈرۈلۈش ۋە جاراھەتلىنىش كۆپ بولغان بولسا، مۇجاھىدلارنىڭ بۇنىڭدىن قايغۇرۇپ كېتىشىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى.

ئۈچىنچى، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ شەرئىي سوت مەھكىمىگە تاپشۇرۇلۇشىنىڭ لازىملىقى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ پەيغەمبەر ھەم قازى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىگە ئەنە شۇنداق ھۆكۈم چىقارغان.

تۆتىنچى، ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قويۇپ بېرىش ياكى ئەسىر قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇش ۋە ياكى ئۆلتۈرۈش دېگەن بۇ ئىشلار شۇ مۇجاھىدلار قوشۇنىنىڭ باش ئەمىرىنىڭ ئۆزئارا شۇرا، مەسلىھەت قىلىپ، ئىسلامنىڭ پايدا-زىيىنىنى كۆزلەپ تۇرۇپ تەسەررۇپ قىلسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

بەشىنچى، مۇسۇلمان كىشى، بولۇپمۇ مۇجاھىد، خۇسۇسەن مۇجاھىدلارنىڭ ئەمىر-مەسئۇللىرى باشقىلارنى ئالدىمايدىغان ۋە باشقىلارغىمۇ ئالدانمايدىغان تەجرىبىلىك بولۇشىنىڭ لازىملىقى، يەنى ئۆتمۈشتىكى تارىختىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىش، بۇرۇنقى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا قاراپ چىقىش ۋە بۇ خاتالىقنى قايتا سادىر قىلماسلىق دېگەندەك مانا مۇشۇنداق بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم چېقىۋېلىنماسلىققا دىققەت قىلىشنىڭ لازىملىقى، تەجرىبىلىك ۋە ئىبرەتلىك تارىخلارنى بىلىدىغان بولۇشنىڭ ياخشى قوماندانلارنىڭ سۈپىتىدىن ئىكەنلىكى.

ئالتىنچى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى بويىندىن چېپىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى.

يەتتىنچى، كاپىر جاسۇسلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى.

سەككىزىنچى، جاسۇسلارنى بايقاش ۋە ئۇلارغا دىققەت قىلىش ئىشلىرىدا مۇسۇلمانلار ۋە مۇجاھىدلار جامائىتىنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

توققۇزىنچى، مۇناپىقلارنى ۋە كاپىرلارنى كۈچلۈك كۆرسىتىپ مۇسۇلمانلارنى ۋە مۇجاھىدلارنى قورقۇتۇش ئارقىلىق مۇجاھىدلارنىڭ سېپىنى پارچىلاشقا، يىمىرىشكە ئۇرۇنىدىغان مۇرجىف بولغان نىفاق ئەھلى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىبىر نۇقسان ۋە ئەيىبلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق مۇجاھىدلارنى جىھادتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشقا سەۋەب بولىدىغان مۇخەززىل بولغان نىفاق ئەھلىنى ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشىغان مۇناپىقلىق ئالامەتلىرى بار كىشىلەرنى جىھادقا ئەچىقماي مەدىنىدە، يەنى ئىسلامىي دۆلەتتە قويۇپ قويۇشا زىيان تېخىمۇ چوڭ بولىدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئاشۇنداق مۇخەززىل، مۇرجىف ۋە مۇناپىقلارنى جىھادقا بىللە ئېلىپ چىقىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى.

# پىرقىلەر تارىخى



## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### خاۋارىجلارنىڭ يەتتىنچى سۈپىتى ــــ دىندا چوڭقۇرلاش، چىڭىتىش ۋە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش

خاۋارىجلارنىڭ دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشلىرى شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارغانكى، سالىھ (تەقۋادار) كىشىلەرمۇ خاۋارىجلارنىڭ ئىبادەتتىكە قاراپ ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتلىرىنى تۆۋەن چاغلاپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار بىز ئىلگىرى بايان قىلغان ھەدىسلەردىكى: «ئۇلار دىندا چوڭقۇرلايدۇ، سىلەرنىڭ قۇرئان ئوقۇشۇڭلار ئۇلارنىڭ قۇرئان ئوقۇشىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچنەرسە ئەمەس؛ سىلەرنىڭ نامىزىڭلار ئۇلارنىڭ نامىزىغا قارىغاندا ھېچنەرسە ئەمەس؛ سىلەرنىڭ روزاڭلار ئۇلارنىڭ روزىسىغا قارىغاندا ھېچنەرسە ئەمەس؛ سىلەرنىڭ جىھادىڭلار ئۇلارنىڭ جىھادىغا قارىغاندا ھېچنەرسە ئەمەس» دېگەن سۈپەتلەرگە ئوخشاش دىندا چوڭقۇرلاپ كېتىدۇ.

ئىبنى ئابباس رضي الله عنه ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشىشكە بارغاندا مۇنداق دېگەن: «مەن شۇنداق بىر قەۋمنىڭ يېنىغا كىردىمكى، ھېچقاچان ئۇلاردىنمۇ بەك ئىبادەتكە تىرىشچان بىر قەۋمنى كۆرۈپ باقمىغانمەن — ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى سەجدىنى كۆپ قىلغانلىقتىن يېغىر بولۇپ كەتكەن؛ قوللىرى خۇددى تۆگىنىڭ پېقىنىغا ئوخشاش يىرىكلىشىپ كەتكەن؛ ئۈستىلىرىدە پاكىز يۇيۇلغان، يەڭلىرى تۈرۈلگەن ئۇزۇن كۆينەكلەر بار، يۈزلىرى بولسا ئۇيقۇسىزلىقتىن سارغىيىپ كەتكەن. مەن ئۇلارغا سالام قىلدىم. ئۇلار سالامىمغا: <مەرھابا! خۇش كەپسەن ئىبنى ئابباس، نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟> دەپ جاۋاب قايتۇردى» («هذه خصال الخوارج» ناملىق كىتابتىن ئېلىنىدى).

ئى قېرىنداشلار! سىلەر ئىبنى ئابباس رضي الله عنهنىڭ بۇ سۆزىنى ياخشى ئويلىنىپ بېقىڭلار. ئىبنى ئابباس رضي الله عنه ئۇلارغا ئىسلام سالىمىنى قىلىپ: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ!» دېسە، ئۇلار ئىبنى ئابباس رضي الله عنهغا: «مەرھابا!» (يەنى خۇش كەپسەن، سېنى قارشى ئالىمىز) دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب بەردى. چۈنكى ئۇلار ئىبنى ئابباس رضي الله عنهنى «كاپىر» دەپ قارايتتى. شۇڭا «كاپىرغا سالام قايتۇرۇش دۇرۇس ئەمەس» دەپ مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان. بۈگۈنكى كۈندىكى خاۋارىجلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان كىشىلەرمۇ مۇسۇلمانلارغا دەل شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىدۇ.

خاۋارىجلارنىڭ مانا بۇ سۈپىتى ساھابىلەرنى ۋە ساھابىلەردىن كېيىنكى كىشىلەرنى ئۇلارغا ئۇرۇش قىلىشتىن قورقىتاتتى، ئەنسىرىتەتتى. يەنى ساھابىلەر: «ئۇلار مانا مۇشۇنداق دىندا چوڭقۇرلاش ۋە ئىبادەتنى كۆپ قىلىش بىلەن تونۇلغان تۇرسا، بۇنداق قەۋمگە بىز قانداقمۇ ئۇرۇش قىلىمىز؟!» دەپ ئەنسىرەيتتى. ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه خاۋارىجلارغا: «سىلەر قەيەرنى خالىساڭلار، شۇ يەردە تۇرۇڭلار. بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى توختام شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سىلەر تۆكۈش ھارام قىلىنغان قاننى تۆكمەيسىلەر، قاراقچىلىق قىلىپ يول توسمايسىلەر ۋە بىرەر كىشىگە زۇلۇم قىلمايسىلەر. ئەگەر بۇ ئىشتىن بىرەرنى سادىر قىلساڭلار، مەن سىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىمەن» دېدى (شەيخ ۋادىئىي «الصحيح المسند» ناملىق كىتابىنىڭ 711-بېتىدە بۇنى «ھەسەن» دېگەن).

(ئاخىرى 3ـ بەتتە)





(بېشى 2ـ بەتتە)

مۇسلىم ئىبنى ئەبۇبەكرى دېگەن كىشى ئاتىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نامازغا كېتىۋېتىپ سەجدە قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قايتقاندا، ئۇ كىشىنىڭ تېخىچە سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: <ماۋۇ كىشىنى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟> دېگەنىدى، بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ پۇلاڭلاتقان ھالدا: <ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، مەن سەجدە قىلىۋاتقان، اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ﷺ اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان بىر كىشىنى قانداقمۇ ئۆلتۈرىمەن؟!> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: <بۇ كىشىنى كىم ئۆلتۈرىدۇ؟> دېدى. يەنە بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: <مەن> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى يەڭلىرىنى تۈرۈپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز چىقىرىپ كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ، سەجدە قىلىۋاتقان، اللهتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دەۋاتقان، مۇھەممەد اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان بىر كىشىنى قانداقمۇ ئۆلتۈرىمەن؟!> دەپ توختاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى پىتنىنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى بولۇپ قالغان بولاتتى> دېدى» (ئىمام ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابتا نەقىل قىلغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

دېمەك، خاۋارىجلاردىن پىتنىلىنىۋاتقان ياش، كىچىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق دىندا چوڭقۇرلاش، چەكتىن ئاشۇرۇش، ئىبادەتتە بەك تىرىشچانلىق قىلىش ۋە جىھادقا بېرىلىش دېگەندەك ئىشلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئىمام ئەھمەد نەقىل قىلغان سەھىھ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەر دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار. چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش سەۋەبلىك ھالاك بولغان» (ئىمام ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

«دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش» دېگەنلىك ــــ قۇرئان-ھەدىستە ئۇچۇق ھۆججەت (يەنى تېكىست، نەس) كەلتۈرۈلگەن مەشھۇر بولغان (يەنى يولغا قويۇلغان) بىر ئىبادەتنى زىيادە ئارتۇق قىلىۋېتىش «دىندا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش» دېگەنلىكتۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «شەك-شۈبھىسىز، دىن ــــ ئاسانچىلىقتۇر. قانداقلا بىر كىشى (دىننى چىڭىتىش ئارقىلىق) دىن بىلەن بەسلەشسىدىكەن، دىن ئۇ كىشىنى مەغلۇپ قىلىپ تاشلايدۇ» (ئىمام بۇخارى توپلىغان).

ئىبنى ھەجەر رحمه الله «فتح الباري»نىڭ بىرىنچى توم 117-بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «<دىن بىلەن بەسلىشىش> دېگىنىمىز ــــ بىر كىشىنىڭ دىننى ئەمەللەردە چوڭقۇرلاپ، يۇمشاق بولۇشنى تەرك ئېتىپ، ئاقىۋەتتە ئۇ ئەمەللەرنى قىلىشتىن زېرىكىپ، بوشاپ قېلىپ شۇ ئەمەلدىن توختاپ قېلىشى، شۇنىڭ بىلەن دىننىڭ ئۇ كىشىنى مەغلۇپ قىلىشى دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ».

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئوتتۇراھال يولنى لازىم تۇتۇڭلار. چۈنكى كىمكى بۇ دىن بىلەن بەسلىشىدىكەن، دىن ئۇ كىشىنى يېڭىۋالىدۇ» (ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابتا نەقىل قىلغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «شەك-شۈبھىسىز، الله تعالى يۇمشاق مۇئامىلە قىلغۇچى زاتتۇر ۋە ھەرقانداق ئىشتا يۇمشاق مۇئامىلە قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ» (ئىمام بۇخارى توپلىغان).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، الله تعالى قولايلىق ۋە يۇمشاقلىق ئاتا قىلغۇچى زاتتۇر، يۇمشاقلىقنى ۋە يۇمشاق مۇئامىلىنى ياخشى كۆرىدۇ. الله تعالى قوپال مۇئامىلىگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى يۇمشاق مۇئامىلىگە بېرىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشتىن مەھرۇم قالىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ كىشى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ» (ئىمام مۇسلىم توپلىغان).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا

## ئىران بىلەن رۇس جىنايەتچى بەششار كونتروللۇقىدىكى رايونلارنى ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزئارا توقۇنۇشماقتا، ئۇنداقتا قايسىسى غەلبە قىلىدۇ؟





ئامېرىكا رەھبەرلىكى ئاستىدىكى خەلقئارا ئىتتىپاقداش كۈچلەر (ناتو) بىلەن روسىيە ۋە ئىران ئىشغالچىلىرىنىڭ ھەربىي سۈرىيە زېمىنىغا تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش قىلىش باھانىسى ۋە ئۇندىن باشقا قۇرۇق باھانە-سەۋەبلەر بىلەن كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى بولسا دىن ۋە ئەقىدىدۇر. ئاندىن قالسا ھەرقايسى يۇرتلاردا ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ شام ۋە ئىراقتىكى بايلىقلىرىنى ئۆزئارا تەقسىملىۋېلىشتۇر. رۇس ئۆزىنىڭ نوپۇزى ۋە كونتروللۇقى ئاستىدىكى رايونلارنى بۆلۈشۈۋالغان بىر پەيتتە ئىرانلىقلارمۇ جىنايەتچى بەششار ئەسەد ھۆكۈمىتى بىلەن يانمۇيان تۇردى ۋە ئۇ كونترول قىلغان رايونلارنىڭ ئىچىدە پەيدا بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر تەرەپ ئۆزى كونترول قىلغان رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇ سەۋەبتىن رۇس بىلەن ئىران ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇشىدىغان ۋە بەزى جايلاردىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشىدىغان ھالەت بارلىققا كەلدى. بۇ دۆلەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكرەكى ئۆزىنىڭ كونتروللۇقى ۋە ھوقۇقدارلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بىر پەيتتە، جىنايەتچى بەششار ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى ئىتتىپاقدىشى بولغان رۇس بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدا ئاخىرقى قېتىم توقۇنۇش كەسكىنلەشتى. بۇ توقۇنۇش ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيىۋى جەھەتتە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان دېرىزور رايونىدا يۈز بەردى. چۈنكى دېرىزور رايونى تېھران ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا دېڭىز بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئىراق ۋە سۈرىيە ئارقىلىق باغلاپ تۇرىدىغان باغلاش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇ پەيتتە موسكۋامۇ بۇ رايوندا ئەسكىرىي نوپۇزىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

### رۇسىيىنىڭ ئىرانلىقلاردىن ئىبارەت چەتئەللىك كۈچلەرنى چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشى

موسكۋا ھۆكۈمىتى ئومۇمىي سۈرىيە رايونىدا ئىران ئارمىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قىزىقمايدۇ. مانا بۇ ــــ روسىيە رەئىسى ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ جىنايەتچى بەششار ئەسەد بىلەن بولغان سوچى ئۇچرىشىشىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئېنىق باياندىن ئايان بولماقتا. پۇتىننىڭ سوچى يىغىنىدىكى بۇ بايانلىرىدا چەتئەل قوراللىق كۈچلىرىنىڭ سۈرىيەدىن چېقىپ كېتىشى ۋە سۈرىيىدىكى مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ لازىملىقى ھەمدە بۇ قوراللىق كۈچلەرنىڭ سۈرىيە زېمىنلىرىدىن ئايرىلىشى ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىتنى بېكىتمەسلىك دېگەن مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

سۈرىيىگە ئەۋەتىلگەن رۇس ئەلچىسى ئالېكساندىر لاۋرېنتيېف مۇنداق ئىزاھلىدى: «بىزنىڭ مەقسىتىمىز بولسا ئامېرىكىلىقلار ۋە تۈركلەرنىمۇ قەتئىي قوغلاپ چىقىرىش، ھەتتاكى سۈرىيىدە مەۋجۇت بولغان ئىران ئارمىيىسى ۋە لۇۋان (ئاتالمىش) ھىزبۇللاھ ئارمىيىسىنىمۇ قوغلاپ چىقىرىش».

### توقۇنۇشنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى

تەھلىلچىلەرنىڭ قارىشىچە، موسكۋا ئۆزىنىڭ سۈرىيىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى «قانۇنلۇق» دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇ نۇسەيرىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تەلەپ قىلىنغان. روسىيە ئىران ھۆكۈمىتىنىڭ سۈرىيە رايونىدىكى پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئىراننىڭ بۇ لايىھىسىنىڭ مەقسىتى ــــ لۇۋانغا بىۋاستە يول ئېچىش، بۇ ئارقىلىق ھەرخىل قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى لات (يەنى ئاتالمىش ھىزبۇللاھ) پارتىيىسى ياللانما قوشۇنلىرىغا ئىنتايىن ئاز چىقىم بىلەن ئاسان شەكىلدە يەتكۈزۈشتۇر. ئىراننىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى ئىسرائىلىيە ئىشغالىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كېلىدۇ. سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ قارىشىچە، رۇس ۋە ئىراندىن ئىبارەت ئىككىلا تەرەپنىڭ نەزىرىدە ئەڭ مۇھىم سانىلىدىغان ھەربىي سەۋەب بولسا ھەر ئىككىلىسى ئۆز سېپىگە نۇرغۇن ياشلارنى ئەسكەر قىلىپ كىرگۈزۈشكە تىرىشچانلىق قىلىش. چۈنكى ئىران نۇرغۇن ياشلارنى ئايلىق مائاش ۋە ياردەملەرنى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياللانما قوشۇنلىرىغا قېتىلىشقا تەرغىب قىلماقتا. دەل شۇ پەيتتە، روسىيىمۇ سۈھەيل ھەسەن ئىسىملىك گېنېرالنىڭ رەھبەرلىكىدىكى «بەشىنچى ئارمىيە» دېيىلىدىغان قوشۇن ئارقىلىق نۇرغۇن ياشلارنى جىنايەتچى بەششار باندىتلىرىغا قېتىلىشقا تەرغىب قىلماقتا.

### توقۇنۇشنىڭ باشلىنىشى

تەشۋىقات ۋاستىلىرى روسىيە بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ دەسلەپكى ھالەتلىرىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ۋاقىتتا 2017-يىلىنىڭ ئاخىرقى پەيتىدىكى دېرىزور ۋىلايىتىگە مەجبۇرى تېڭىلغان مۇھاسىرىنى سۇندۇرۇش جېڭى ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇس ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسى ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ قوللاپ بېرىشى ئارقىلىق ئەسەد ھۆكۈمىتى قايتۇرۇۋالغان مەيداندىن شەھەرگە ئىران تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى كىرىشتىن چەكلىدى.

### رۇس ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنلاشقان ئورۇنلىرى ۋە بازىلىرى

جىنايەتچى ئەسەد ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغان ئاخباراتچىلارنىڭ قارىشىچە، دېرىزور ۋىلايىتىدىكى ھەربىي ۋە ئىدارىي (يەنى ئارقا سەپ خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار) قارار رۇس ئىشغالىيەتچى ئارمىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ قالغان. چۈنكى رۇس ئارمىيىسىنىڭ نۆۋەتلىشىپ ساقچىلىق قىلىش ھەرىكىتى ئۇ شەھەرنىڭ ئومۇمىي جايلىرىغا كەڭ قانات يېيىلغان. ئۇلارنىڭ قولىدا ساقچىلارنى ھەممە رايونلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئىزچىل شەكىلدىكى دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەكشۈرۈش توساقلىرى تېپىلمايدۇ. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، رۇس ھەربىي-ساقچىلىرى كونكو شىركىتىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا يېقىن بولغان مۇرات ۋە خەششام دېگەن كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئورۇن ئىگىلىگەن. ئامېرىكا ئارمىيىسى ئەينى زاماندا بۇ جايلارنى ئۆزىگە مەركەز قىلىپ تۇتقان. ئاخباراتچىلارنىڭ يەنە ئىزاھلىشىچە، دېرىزور ۋىلايىتىنىڭ ھەممە يېرىگە كەڭ يېيىلغان رۇس ئىشغالىيىتىنىڭ ئاساسلىق تۇرۇش مەركىزى بولسا ئۇنىڭ ئەسكىرىي ئايرودرومى بولغان. چۈنكى بۇنىڭ ئىچىدە رۇسنىڭ نۇرغۇن ئوفىتسېر، مەسلىھەتچى ۋە كادىرلىرى بار.

### ئىراننىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى

بەزى مەنبەلەرنىڭ تەكىتلىشىچە، ئىران بۇكمال شەھىرىدىن ئۆزىگە بىر مەركەز (قوماندانلىق شتابى) تۇتقان. چۈنكى ئىران قوراللىق كۈچلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ ئائىلىلىرىنى بۇ شەھەرگە يۆتكەپ ئەكەلگەن. ئىلگىرىكى ۋاقىتتا جىنايەتچى بەششار ھۆكۈمىتى لازىقىيە ئاشلىق بازىسىنى ئىرانغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىران ھۆكۈمىتى بەششار ئەسەدنى ئۆزىنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەشكە قىستىغان ئىدى. مانا بۇ روسىيىنىڭ ئىران ۋە بەششار ئەسەدتىن خاپا بولۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

# ئەسكىرىي تەلىم






### دەريادىن ئۆتۈش

دەريادىن ئۆتۈش يولدىن كېسىپ ئۆتۈشكە ئوخشايدۇ.




### دەريا، ئۆستەڭ، كۆل دېگەندەك سۇ بار جايلاردىن ئۆتكەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

ئامال بار بۇنداق ئورۇنلارغا يېقىنلاشماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر دەريا دېگەندەك ئورۇنلاردىن ئۆتمەكچى بولساق، ياخشى كۆزىتىپ ئۆتۈشىمىز ۋە يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلاشماسلىقىمىز لازىم. ئەگەر سۇ لازىم بولسا كۆپ ئادەم بارماسلىقىمىز كېرەك. سۇ دۈشمەنگىمۇ، بىزگىمۇ زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇغا كەلگەن دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن ياكى دۈشمەن بىزنى «سۇغا كېلىدۇ» دەپ پىستىرمىدا تۇرۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇنداق ئورۇنلاردا توپلىشىپ تۇرماسلىقىمىز، ئۆتكەندە ياخشى كۆزىتىپ ئۆتۈشىمىز ھەمدە ئۇزاق تۇرماسلىقىمىز كېرەك.

### ئورمانلىقتا بىختەر يۈرۈش قائىدىسى

ئورمانلىقتا ھەرىكەت قىلغاندا پىلىموت، RPG ۋە قەنناس ئاتقۇچىلارنى مۇداپىئەگە قويۇپ، ئىككى-ئىككىدىن

(ئاخىرى 4ـ بەتتە)